بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

46- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوا وَّنَصَرُوا أُولَٰئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ ۚ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا مَا لَكُم مِّن وَلَايَتِهِم مِّن شَيْءٍ حَتَّىٰ يُهَاجِرُوا ۚ وَإِنِ اسْتَنصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلَّا عَلَىٰ قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) — ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر-بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر-بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ. ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 72- ئايەت).

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: مەككىدە «الله تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھ (يەنى قۇلچىلىق قىلىنغۇچى) يوق، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھەر قانداق كىشى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، جەمەتى ۋە قەبىلىسىگە بولغان دوستلۇق (يەنى ئەڭ ئالىي ياردەملىشىش)تىن ھەمدە قۇرەيش جەمئىيىتىدە گەۋدىلەنگەن رەھبەرلىككە بولغان دوستلۇق (يەنى تەۋەلىك) تىن ئادا-جۇدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ دوستلۇقىنى ۋە تىزگىنىنى مۇھەممەد ﷺ گە شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان جامائەتكە مەنسۇپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا جاھىلىيەت جەمئىيىتى ئۆزىگە تەھدىت بولۇۋاتقان يېڭى جامائەتنىڭ خەتىرىنى يوق قىلىش ۋە يېڭى تۇغۇلغان گەۋدىنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى.

دەل شۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ يېڭى تۇغۇلغان جامائەتنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ قويدى... يەنى جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن يەككە-يەككە ھالەتتە كەلگەن بۇ يېڭى ئەزالارنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە كېپىل بولغان «جامائەت»كە ئايلاندۇردى. بۇ جەمئىيەتتە ئەقىدە رىشتىسى قان ۋە نەسەب رىشتىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى، يېڭى رەھبەرلىككە بولغان «ئەلۋەلا» (يەنى تەۋەلىك، ساداقەت ۋە ئىتائەت) بولسا جاھىلىيەت رەھبەرلىكىگە بولغان «ئەلۋەلا»نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. دېمەك، يېڭى جامائەتكە بولغان «ئەلۋەلا» بولسا جاھىلىيەتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق «ئەلۋەلا» رىشتىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

ئىسلامىي رەھبەرلىككە «مۇتلەق ئەلۋەلا» (يەنى ئەڭ يۇقىرى ئىتائەت ۋە تەۋەلىك)نى تەقدىم قىلىش، ئاسانچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتا ئوخشاشلا ئىتائەت قىلىش ھەمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى، باللىرى ۋە ئاياللىرىنى قوغدىغاندەك قوغداش ھەققىدە شۇ رەھبەرلىككە بەيئەت قىلغان مۇسۇلمانلار مەدىنىدە تېپىلغاندىن كېيىن الله مەدىنىدە مۇسۇلمانلارغا ھىجرەت يۇرتىنى ئېچىپ بەردى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئىسلامىي دۆلەت مەدىنىدە قۇرۇلغان بىر پەيتتە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە قېرىنداش قىلىپ قويدى. بۇ قېرىنداشلىق رىشتىسى قان ۋە نەسەب رىشتىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ دېگەنلىك — ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى قان رىشتىسى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان مىراس*، دىيەت ۋە تۆلەم قاتارلىق ھوقۇقلار قېرىنداشلىق رىشتىسىدىمۇ مەۋجۇت دېگەنلىكتۇر... بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: «ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارىلار) — ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە ئىگىدۇر(يەنى بىر-بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر-بىرىگە مىراسخوردۇر)»... يەنى ئۇلار ياردەم بېرىش، مىراس، دىيەت، تۆلەم قاتارلىق ئىشلاردا ھەمدە قان ۋە نەسەب رىشتىسى تۈپەيلى كېلىپ چىققان بارلىق مەجبۇرىيەت ۋە ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئىگىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دىنغا ئەقىدە جەھەتتە كىرگەن ئەمما ئەمەل ۋە ھەرىكەت جەھەتتە بۇ مۇسۇلمان جەمئىيەتكە قېتىلمىغان بىر بۆلەك ئەزالار بار بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ شەرىئىتى (يەنى قانۇنى) ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مۇسۇلمان رەھبەرلىك ئاستىدىكى ئىسلام دىيارىغا تېخىچە ھىجرەت قىلمىغان ئىدى. ئۇلار قېتىلمىغان بۇ مۇسۇلمان جەمئىيەت الله نىڭ شەرىئىتىنى تىكلەيدىغان بىر دىيارغا ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ جەمئىيەت مۇشۇ دىياردا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالايدۇ چۈنكى بۇ جەمئىيەت ئىلگىرى مەككىدىكى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەقەت قىسمەن ھالەتتىلا گەۋدىلەندۈرەلەيتتى، مانا ئەمدىلىكتە بولسا بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى يېڭى رەھبەرلىككە ۋە جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلغان ھەرىكەتچان ئەزالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىلىي گەۋدىگە مەنسۇپ قىلغان بولۇپ، بۇ گەۋدە جاھىلىيەت جەمئىيىتىگە مانا مۇشۇ خىل پەرقلىق ۋە مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقى بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

مانا بۇ يەككە ئەزالار مەيلى مەككىدە بولسۇن ياكى مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلار ئارىسىدا بولسۇن، ئوخشاشلا بۇ ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغان بىلەن بۇ ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان گەۋدىگە قوشۇلمىغان شۇنداقلا بۇ گەۋدىنى باشقۇرىدىغان رەھبەرلىككە تولۇق ئىتائەت قىلمىغان...

مانا بۇلار بۇ جەمئىيەتنىڭ (يەنى گەۋدىنىڭ) ئەزالىرىغا ئايلىنالمىدى. الله ئەنە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئۆزئارا دوستلۇق ۋە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى بۇ ئەزالارغا بەرمىدى چۈنكى بۇلار ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ (يەنى گەۋدىنىڭ) ئەزالىرى ئەمەس ئىدى شۇڭا بۇلار ھەققىدە تۆۋەندىكى ھۆكۈم نازىل بولدى: «ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ. ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك»... مانا بۇ ھۆكۈم — بۇ دىنىنىڭ خاراكتېرىگە ھەم بۇ دىنىنىڭ ھەرىكەتچان ۋە ئەمەلىيەتچان مەنھىجىگە ئۇيغۇن ھۆكۈمدۇر ئەمما بۇ ئەزالار ئۆز يۇرتلىرىدا دىنى تۈپەيلى ئېزىلگەن سەۋەبتىن ئىسلام دىيارىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم سورىغان بولسا، ئۇلارغا ياردەم بېرىش بۇ مۇسۇلمان جەمئىيەت (گەۋدە)نىڭ ئۈستىگە ۋاجىبتۇر لېكىن بۇنىڭ شەرتى شۇكى، بۇ مۇسۇلمان جەمئىيەت بىلەن شۇ ئەزگۈچى كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش قىلماسلىق كېلىشىمى بولماسلىقى كېرەك چۈنكى مۇسۇلمان جەمئىيەت (يەنى گەۋدە ياكى دۆلەت)نىڭ مەنپەئىتىگە، ھەرىكەت پىلانىغا ھەمدە بۇ مەنپەئەت ۋە پىلان سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئەھدىلەرگە رىئايە قىلىش ئەسلى قائىدىدۇر...

يۇقىرىقى ھەقىقەت — بىزگە بۇ دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر تەشكىلىي گەۋدىنىڭ بولۇشىنىڭ نەقەدەر پەرز ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ...

ئارقىدىنلا الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»...

## ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇئمىنلەرنىڭ، رەببىنىڭ نەزىرىدىكى كامالەت ۋە دەرىجە جەھەتتە ئۆزئارا پەرقلىق بولىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كامىل ئىمان كەلتۈرگەنلەر بولسا ئىمان، ھىجرەت، جىھاد قاتارلىق خىسلەتلەرنى بىرلەشتۈرگەن ۋە بۇ خىسلەتلەرگە ئەڭ بالدۇر ئالدىرىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلار مۇھاجىرلار ئىكەنلىكى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمان، (مۇھاجىرلارغا) ئورۇن بېرىش، (دىنغا ۋە مۇھاجىرلارغا) ياردەم بېرىش ۋە جىھاد قىلىش قاتارلىق خىسلەتلەرنى جەملىگەن كىشىلەر بولۇپ، بۇلار ئەنسارىلار ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك مۇئمىنلەردىن تۆۋەنرەك دەرىجىدىكى مۇئمىنلەر بولسا ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ئىمان، ھىجرەت ۋە جىھاد ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەنلەر ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇئمىنلەر بولسا ئىمان كەلتۈرۈپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكەن كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھالى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، قوللاش ۋە ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ھەمدە كاپىرلار بىلەن دۈشمەنلىشىش، ئۇلارنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، كاپىر ياكى مۇرتەد ھۆكۈمەت ھۆكۈم سۈرگەن يۇرتتىن ئىسلام دۆلىتىگە ئۆزرىسىز ھىجرەت قىلمىغان مۇسۇلمان خۇددى ھازىرقى زامان خاۋارىجلىرىنىڭ بەزىسى ئېيتقاندەك كاپىر بولۇپ كەتمەستىن بەلكى پاسىق مۇئمىن بولىدىغانلىقى چۈنكى الله بۇ ئايەتتە: «ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار...» دېيىش ئارقىلىق ھىجرەت قىلمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى يوققا چىقارمىدى. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان خاۋارىجلىرىنىڭ بەزىسى شەرئى ئۆزرىسى بار سەۋەبلىك ھىجرەت قىلالمىغان پاسىق ئەمەس مۇسۇلمانلارنىمۇ كاپىرغا چىقىرىشىدۇ.

يەتتىنچى، ھۆكۈمىتى يەرلىك ئەسلىي كاپىر بولغان مەككىگە ئوخشاش دۆلەتلەر بىلەن ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەھدىسى تۈزۈش بولسا «ھاجەت» (يەنى زۆرۈرىيەتتىن تۆۋەن قىيىنچىلىق) تېپىلغان بولۇش ۋە بىر قىسىم شەرئىي شەرتلەرگە رىئايە قىلغان بولۇش شەرتى ئاستىدا دۇرۇس بولىدىغانلىقى ئەمما ھۆكۈمىتى يەرلىك مۇرتەد كاپىر بولغان ۋە ياكى تاجاۋۇزچى ئەسلىي كاپىر بولغان دۆلەت بىلەن ۋاقىتلىق تىنچلىق ئەھدىسى تۈزۈش بولسا «ئالاھىدە زۆرۈرىيەت» تېپىلغان بولۇش ۋە بىر قىسىم شەرئىي شەرتلەرگە رىئايە قىلغان بولۇش شەرتى ئاستىدا دۇرۇس ئىكەنلىكى چۈنكى الله تعالى: «ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا...» دېدى.

سەككىزىنچى، ھىجرەت قىلىشقا ۋە كاپىر ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك مەلۇم بىر پەرزنى ئورۇنلاشقا ياكى مەلۇم بىر ھارامنى تەرك ئېتىشكە قادىر بولالمىسا ھەمدە قورallıق جىھاد قىلىشقىمۇ قادىر بولالمىسا (يەنى بۇ مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلسا قورال كۈچى ئاجىز ياكى سانى ئاز بولغانلىقتىن قىرىلىپ كېتىدىغانلىقى ۋەياكى مۇھاسىرىدە قېلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئېنىق بولسا ياكى كۈچلۈك گۇمان قىلىنغان بولسا) شۇ ھىجرەتتىن توسقۇچى كاپىرلارغا ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن ئىسلامىي دۆلەتتىن ئاغزاكى ياردەم سورىسىغۇ ئۇلارغا قورallıق جىھاد ئارقىلىق ياردەم بېرىش شۇ ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ئەلۋەتتە پەرز، مۇبادا، ئاغزاكى ياردەم سورىمىغان تەقدىردىمۇ قۇرۇق گەپ ياكى ئىككى-تۆت تال پۇل ئارقىلىق ئەمەس بەلكى قورallıق جىھاد ئارقىلىق ياردەم بېرىشنىڭ يەنىلا پەرز ئىكەنلىكى چۈنكى «شۇ ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇم چېكىۋاتقان ئەمەلىي ھالىتى ئاغزاكى ياردەم سورىغانغا ئوخشاش» دېگەن تەپسىرگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن لېكىن بۇ خىل «ياردەم بېرىش»تىن ئىبارەت پەرزنى ئورۇنلاشقا شۇ ئىسلامىي دۆلەتنىڭ كۈچى يەتكەن بولۇشى شەرت چۈنكى ھەرقانداق پەرز ئەمەلنى ئورۇنلاشنىڭ شەرتى — كۈچى يەتكەن بولۇشتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەرنى نېمىگە بۇيرۇسام، شۇنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنلاڭلار!» دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

توققۇزىنچى، تاجاۋۇزچى كاپىر ھۆكۈمەت ياكى يەرلىك مۇرتەد ھۆكۈمەتنىڭ ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار جىھاد قىلىشقا قادىر بولالىسىلا (يەنى كاپىرلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالمايدىغانلىقى ئېنىق بىلىنگەن ياكى كۈچلۈك گۇمان قىلىنغان بولسىلا) شۇ ھۆكۈمەتكە قارشى جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى. ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلار جىھاد قىلسا مۇھاسىرىدە قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسە ياكى كۈچلۈك گۇمان قىلسا ۋە چېكىنگەنلەرگە پاناھلىق بېرىدىغان قوراللىق مۇجاھىد جامائەت يەر يۈزىدە تېپىلسا، كۈچلۈك زىيان كېلىپ چىقماسلىق شەرتى ئاستىدا شۇ تاغۇت ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق جىھاد قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ئەمما ۋاجىب ئەمەسلىكى. ناۋادا بۇلار بۇ خىل دۇرۇس جىھادنىمۇ قىلمىسا ۋە ھېلىقى قوراللىق جىھادىي جامائەتكىمۇ چېكىنىپ ياكى ھىجرەت قىلىپ بارمىسا، ئۇنداقتا بۇ مۇسۇلمانلار گۇناھكار پاسىق مۇسۇلمانلاردىن بولىدىغانلىقى. ئەگەر بۇلار: «بىز ئۆز يۇرتىمىزدا جىھاد قىلالمىساق باشقا جىھاد قىلغىلى بولىدىغان جايلاردا جىھاد قىلىش بىزگە پەرز ئەمەس» دەپ ئۆز يۇرتىدىن چىققىلى ئۇنىمىسا ياكى يۇرتىدىن چىققان تەقدىردىمۇ جىھاد قىلىش ئىمكانىيىتى بار جاينى تاشلاپ تىنچ، خاتىرجەم جايلاردا «بىز مۇھاجىر» دەپ تۇرۇۋالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇلار قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى (يەنى بىرلىكى)غا خىلاپ يول تۇتقان ئازغۇن، پاسىق مۇسۇلمانلارغا ئايلىنىدىغانلىقى. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار).

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن) ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدىگەن يامان جاي!» (سۈرە ئەنفال 15- ۋە 16- ئايەتلەر).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەتتە چوڭ گۇناھنىڭ بىرىنى «جەڭ مەيدانىدىن قېچىش» دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

شەھىد دوكتۇر ئابدۇللاھ ئەززام رحمه الله «مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش...» ناملىق كىتابىنىڭ 10- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: <... تاجاۋۇزنى چېكىندۈرۈش ئۇرۇشى ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى بىلەن پەرزدۇر، ئىمان كەلتۈرۈشتىن كېيىن قالسىلا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ پەرز يوق>» («پەتىۋا كۇبرا» 4- توم 608- بەت).

ئۇ يەنە «فىلجىھاد...»ناملىق كىتابىنىڭ 4-، 5- بەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئافغانىستاندا ئىككى يىل، ياكى بەش يىل، ياكى... يىل جىھاد قىلىش بىلەن <مەندىن پەرز ئەين جىھاد ساقىت بولىدۇ> دەپ ئويلاپ قالما! خۇددى نامازغا ئوخشاش سەن قەيەردە جىھاد قىلىشقا قادىر بولالىساڭ شۇيەردە جىھاد قىلىشىڭ پەرز ئەيندۇر، سەن ئۆلمىگۈچە ناماز سەندىن ساقىت بولمىغاندەك، جىھادمۇ سەن ئۆلمىگۈچە ياكى ئېغىر كېسەل ۋە ياكى مېيىپ بولمىغۇچە سەندىن ساقىت بولمايدۇ».

«فىلجىھاد...» ناملىق كىتابىنىڭ 41- بېتىدە ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: <دۈشمەن ئىسلام يۇرتلىرىغا باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن ئۇنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ئەڭ يېقىندىكىلەرگە پەرزدۇر. ئەگەر بۇلار قادىر بولالمىسا ياكى ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋالسا بۇلاردىن كېيىنكىلەرگە پەرزدۇر (ئۇندىن كېيىن قالسا ئۇندىن كېيىنكىلەرگە... شۇنداق قىلىپ پەرز ئەينلىك پۈتۈن يەر شارىدىكى مۇسۇلمانلارغا تارقايدۇ) چۈنكى (مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدە) ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر يۇرتنىڭ ھۆكۈمىدىدۇر>» («پەتىۋا كۇبرا» 4- توم 608- بەت).

ئۇ شۇ كىتابىنىڭ 52- بېتىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەلەستىندە جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىساڭ ئافغانىستاندا جىھاد قىلىشىڭ پەرزدۇر. بۇنداق دېيىشىم ھەرگىزمۇ بىر يۇرتنىڭ مەسىلىسىنى يەنە بىر يۇرتنىڭ مەسىلىسىدىن ئىلگىرى قويغانلىقتىن ئەمەس بەلكى بۇ ـــ نىجىس بولۇپ كەتكەن زېمىن مەسىلىسىدۇر. يەنى بىزنىڭ ھويلىمىز نىجىس بولۇپ كېتىپ خوشنىمىزنىڭ ھويلىسى پاك قالغان بولسا، ئۇنداقتا شۇ خوشنىمىزنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ ناماز ئوقۇشىمىز پەرزدۇر. <ئۆزۈمنىڭ ھويلام پاك بولمىغۇچە ناماز ئوقۇماي تۇرىمەن> دەپ نامازنى تەرك ئېتىش الله نىڭ نەزىرىدىمۇ ئۆزرە ئەمەس ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئۆزرە ئەمەستۇر...».

54- بەتتە ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى قېرىنداشلار! مەن سىلەرگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قويايكى، جىھاد پەرز ئەيندۇر. جىھاد دېگەنلىك ـــ قورallıq ئۇرۇش قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر سەن ئۆز يۇرتۇڭدا قورال كۆتۈرۈشكە قادىر بولالمىساڭ ئۇنداقتا قورallıq جەڭگە تەييارلىق كۆرۈش مۇمكىن بولىدىغان ۋە مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى قوغدىغىلى بولىدىغان بىر ماكاننى ئىزدىشىڭ پەرزدۇر...».

ئۇ «مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش...» ناملىق كىتابىنىڭ 18-، 19- بەتلىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب (مۇسۇلمان)لەردىن كىمكى پەلەستىندە جىھاد قىلىشقا قادىر بولالىسا، شۇ يەردىن باشلىشى پەرزدۇر، ئەگەر قادىر بولالمىسا ئافغانىستانغا كېلىشى پەرزدۇر ئەمما باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئافغانىستاندىن باشلىشىنى لايىق كۆرىمىز، بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئافغانىستاننى پەلەستىندىنمۇ بەك مۇھىم كۆرگىنىمىزدىن ئەمەس چۈنكى پەلەستىن مەسىلىسى ئىسلامنىڭ ئەڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەسىلىسى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكى شۇنداقلا مۇبارەك زېمىندۇر. دەسلەپتە ئافغانىستاندىن باشلاشنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

1. ئافغانىستاندىكى ئەمەلىي جەڭ ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا...

2. ئافغانىستاندا كۆتۈرۈلگەن بايراق (يەنى غايە) روشەن تەۋھىد بايرىقى (غايىسى)دۇر. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇنىنىڭ 3- ماددىسىدا: «بىزنىڭ ھەدەپ (نىشان)ىمىز الله نىڭ: <ھۆكۈم پەقەت الله قىلا خاس>» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغاندۇر. يەنى، «ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئالەملەرنىڭ رەببىگە خاستۇر» دەپ ئوچۇق يېزىلغان.

3. ئافغانىستاندىكى ئىسلامچىلار بولسا باشقىلار (يەنى مىللەتچىلەر)دىن بۇرۇنراق جىھادنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئايلاندى... ئەمما پەلەستىندە بولسا تامامەن باشقىچە. يەنى بۇ يەردىكى جىھادنىڭ رەھبەرلىكىنى ھەرخىل ئەقىدىدىكى كىشىلەر ئىگىلىۋالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ساددا، ئاقكۆڭۈل مۇسۇلمانلارمۇ ۋە كوممۇنىستلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار (تۈركىيىگە ئوخشاش) ئىلمانىزىم دۆلىتىنىڭ بايرىقى (يەنى غايىسى)نى ئېگىز كۆتۈرۈشكەن.

4. ئافغانىستان مەسىلىسى دائىم مۇجاھىدلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، پەلەستىن ئىنقىلابى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈنلەي تايىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ خەلقى ۋە بۇ خەلقنىڭ نومۇسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قولىدا قىمار كەبى ئوينىلىپ، خەلقئارالىق سۇيىقەست ئالدىدا ئەڭ ئېچىنىشلىق شارائىتنى باشتىن كەچۈرمەكتە...

5. ئافغانىستان چېگرالىرى مۇجاھىدلارغا ھېلىمۇ ئوچۇق تۇرماقتا... لېكىن بۇنىڭ دەل ئەكسىچە پەلەستىن چېگرالىرى بولسا ئېتىۋېتىلگەن، قوللار باغلانغان ۋە «يەھۇدىيلارغا ئۇرۇش قىلىمەن» دەپ چېگرادىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىلەرنى مۇئەييەن مەسئۇل كۈچلەر ماراپ تۇرماقتا... ئىمام شافىئى رحمه الله «ئەلئۇممۇ» ناملىق كىتابىنىڭ 32- بېتىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى دەسلەپتە يىراقتىكى دۈشمەنگە ئۇرۇش ئاچمىسا مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ زىيان ياكى خەتەر بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا جىھادنى يىراقتىكى دۈشمەندىن باشلاش كېرەك... چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ يېقىن جايدىكى دۈشمەننى تاشلاپ قويۇپ تېخىمۇ يىراق جايدىكى ھارىس ئىبنى ئەبۇ زىرارنىڭ قوشۇنى ۋە خالىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى قوشۇن ئەۋەتكەن...».

6. ئافغان خەلقى ئىززەت ۋە سەۋردە ئالاھىدە خەلقتۇر. ئافغانىستان زېمىنلىرى (يەنى جۇغراپىيىلىك شارائىتلىرى) ۋە تاغلىرى بولسا گوياكى الله تعالى خاس مۇجاھىدلارغا ئاتاپ ياراتقاندەك ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگىدۇر.

---

* مىراس ـــ ھىجرەت ۋە بىر-بىرىگە ياردەملىشىش سەۋەبلىك ئۆزئارا مىراسخور بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم كېيىن «كىتابۇللادا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر» (سۈرە ئەھزاب 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئايىتى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىپ، پەقەت نەسەب سەۋەبى بىلەن مىراسخور بولۇش ھۆكۈمى بېكىتىلدى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تعالى تۇنجى ياراتقان نەرسە قەلەم بولۇپ، الله ئۇنىڭغا: <ياز!> دېگەندە، ئۇ: <نېمىنى يازىمەن؟> دەپ سورىغاندى، الله تعالى ئۇنىڭغا: <تەقدىرنى، يەنى ئىلگىرى بولغان ۋە كەلگۈسىدە تا قىيامەتكە قەدەر يۈز بېرىدىغان پۈتۈن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى يازغىن> دەپ جاۋاب بەردى» (تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

### ئۈچىنچى رۇكۇن: ئىرادە ۋە خالاش

بۇ دېگەنلىك ـــ مۇشۇ كائىناتتىكى بارلىق ھادىسە الله نىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ دېگەنلىكتۇر. الله نىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بولسا رەھمەت بىلەن ھېكمەت ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. الله ئۆزى خالىغان بەندىسىنى رەھمىتى ئارقىلىق ھىدايەت قىلسا، خالىغان بەندىسىنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئازدۇرىدۇ. الله كامىل ھېكمەت ۋە ھوقۇق ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ بەلكى بەندىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ. يۈز بەرگەن ھەر قانداق ھادىسىلەر الله نىڭ لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان ئەزەلىي ئىلمى (بىلىشى)گە مۇۋاپىق يۈز بېرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا الله نىڭ خالىشى ئىجرا بولىدۇ. الله نىڭ قۇدرىتى بولسا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى الله خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ. ھېچنەرسە الله نىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾ «پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)» (سۈرە تەكۋىر 29- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «پۈتۈن ئادەم باللىرىنىڭ قەلبلىرى ناھايىتى شەپقەتلىك الله نىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىدا خۇددى بىر قەلبكە ئوخشاش بولۇپ، الله ئۇ قەلبنى خالىغانچە ئۆرۈپ تۇرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

### تۆتىنچى رۇكۇن (ياكى دەرىجە): يارىتىش

بۇ دېگەنلىك ـــ الله تعالى نىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ياراتقۇچى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ يوقلۇقىغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. الله تىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇق يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ۋە بۇرۇن مەۋجۇت بولمىغان، كېيىن مەۋجۇت بولغاندۇر. الله ھەر قانداق ئىش قىلغۇچىنى ۋە شۇ ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئىشىنى ھەم ياراتقۇچىدۇر؛ ئۇ ھەرقانداق ھەرىكەت قىلغۇچىنى ھەمدە شۇ ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنى ھەم ياراتقۇچىدۇر؛ بۇ كائىناتتا قانداق بىر ھادىسە يۈز بەرگەن بولسا بۇ ھادىسىنى پەقەت شۇ الله لا ياراتقاندۇر چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا﴾ «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر، الله نىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى» (سۈرە فۇرقان 2- ئايەت).

الله تعالى يارىتىش ۋە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە يەككە-يېگانىدۇر، ھېچبىر نەرسە ئۇنىڭ يارىتىشىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾ «الله ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)» (سۈرە زۇمەر 62- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾ «ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (الله قا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟» (سۈرە غافىر 62- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ هَلْ مِنْ خَالِقٍ غَيْرُ اللَّهِ يَرْزُقُكُمْ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَأَنَّى تُؤْفَكُونَ﴾ «ئى ئىنسانلار! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ياد ئېتىڭلار، الله تىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ الله تىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (الله نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟» (سۈرە فاتىر 3- ئايەت).

الله بەندىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ياراتقۇچىدۇر. ھەر قانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىق، كۇفرى ۋە ئىمان ھەمدە ئىتائەت ۋە ئاسىيلىق ـــ الله نىڭ خالىشى، تەقدىرى ۋە يارىتىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَنْ تُؤْمِنَ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ وَيَجْعَلُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ﴾ «ھەر قانداق كىشى پەقەت الله نىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، (الله نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى الله ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ» (سۈرە يۇنۇس 100- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَنْ يُصِيبَنَا إِلَّا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَنَا هُوَ مَوْلَانَا وَعَلَى اللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ الْمُؤْمِنُونَ﴾ «ئېيتقىنكى: <بىزگە پەقەت الله نىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۇئمىنلەر الله قا تەۋەككۇل قىلسۇن (يەنى مۇئمىنلەر ھەممە ئىشنى الله قا تاپشۇرسۇن، ئۇندىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن)>» (سۈرە تەۋبە 51- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ﴾ «ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر» (سۈرە سافاات 96- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۆگىنەيلى

عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ النَّبِيُّ ﷺ: «الْجَنَّةُ أَقْرَبُ إِلَى أَحَدِكُمْ مِنْ شِرَاكِ نَعْلِهِ وَالنَّارُ مِثْلُ ذَلِكَ» (رواه البخاري).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا ئۆزىنىڭ ئاياغ بوغقۇچىدىنمۇ يېقىنراقتۇر، دوزاخمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر» (بۇخارى توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىمام نەۋەۋى رحمه الله بۇ ھەدىسنى «نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش» بابىدا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ھەدىس جەننەتكە قىزىقتۇرۇش ۋە جەھەننەمدىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، كىشى ئۆزىنى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكۈزىدىغان ۋە الله نى رازى قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ-دە، نەتىجىدە بۇ سۆز ئۇ كىشىنى نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھەدىس بۇنىڭدىنمۇ كەڭرەك مەنىگە ئىگىدۇر. مەسىلەن، تائەت-ئىبادەتنى كۆپ قىلىش ۋە ھارام ئىشلاردىن يېنىش ـــ جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. بۇنداق قىلىش ـــ الله ئاسان قىلغان بەندىلەرگە ئاساندۇر شۇڭا سەن الله تەرەپتىن قەلبى ئېچىۋېتىلگەن مۇئمىننىڭ راھەت، خۇرسەنلىك، مۇھەببەت ۋە دىل ھوزۇرى بىلەن ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرىسەن. بۇ كىشىنىڭ (جىھاد)، زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا ئەمەل-ئىبادەتلىرىمۇ ھەم ئەنە شۇنداق ئاسان بىلىنىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، سەن الله ھارام قىلغان سۆز ۋە ئەمەللەردىن ساقلىنىشنىڭ ئۇ كىشىگە پەقەت ئېغىر كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن ئەمما ئىسلامدىن ئىچى سىقىلىدىغان ۋە ئىسلامنى قاتتىق ئېغىر كۆرىدىغان كىشىگە كەلسەك، تائەت-ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ۋە ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش بۇنداق كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، نەتىجىدە جەننەت ئۇ كىشىگە ئاياغ بوغقۇچىدىنمۇ بەك يېقىن ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. (الله بىزنى بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

دوزاخنىڭ ئىشىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. يەنى دوزاخمۇ بىزگە بىزنىڭ ئاياغ بوغقۇچىمىزدىنمۇ بەكرەك يېقىندۇر. (ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

مەسىلەن، كىشى پەرۋا قىلماستىن الله نى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر سۆزنى قىلىپ قويىدۇ-دە، شۇ سەۋەبلىك ئۇ كىشى ئۆزى تۇيماستىن دوزاخنىڭ نەچچە يىللىق چوڭقۇر قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كېتىدۇ. (الله بىزنى بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

سىلەر تەبۇك غازىتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە بولغان مۇناپىقلارنىڭ ۋەقەلىكىگە قاراپ بېقىڭلار! يەنى، ئۇ مۇناپىقلار ئۆزئارا بىر سورۇندا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى قىلىشتى: «بىز مانا بۇلاردەك ئىنتايىن يوغان قورساق، تىللىرى بەك يالغانچى ۋە دۈشمەنگە روبىرو بولغاندا بەك قورقۇنچاق ئالىملىرىمىزنى كۆرمەپتىكەنمىز».

ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى مەقسەت قىلىشقانىدى. يەنى، ئۇلار بۇ سۆزى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھەققىدە: «بۇلار كۆپ يېگەنلىكتىن قورساقلىرى يوغان، بۇلارنىڭ يەپ-ئىچىشتىن باشقى ئىشى يوق، بۇلار يالغاندىن باشقىنى سۆزلىمەيدۇ ۋە بۇلار دۈشمەنلەر بىلەن روبىرو بولغاندا مۇستەھكەم تۇرالماستىن قورقۇپ قېچىشىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلىشقان. ئەگەر سىز ئويلىنىدىغان بولسىڭىز شۇنى كۆرۈپ يېتەلەيسىزكى، بۇ يامان سۈپەتلەر مۆئمىنلەرگە ئەمەس بەلكى تامامەن مۇناپىقلارغا ماس كېلىدۇ چۈنكى مۇناپىقلار ياشاشقا ئەڭ ھېرىس، ئەڭ يالغانچى ۋە دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئەڭ قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: <بىز (راستىن ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويىدۇق> دەيدۇ» (سۇرە تەۋبە 65- ئايەت). يەنى بۇ — «بىز سۆز قىلىشنى مەقسەت قىلمىدۇق، پەقەت سۆزگە كىرىشىپ ئوينىشىپ قويدۇق شۇ» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(بۇ مۇناپىقلارغا): <سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65] سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز [66] (سۇرە تەۋبە 65- ۋە 66- ئايەتلەر).

بۇ ئايەتتە الله تعالى بىزگە شۇنى بايان قىلىپ بەردىكى، بۇ كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن الله نى، الله نىڭ كىتابىنى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ كېتىشتى شۇڭا مۆئمىن كىشى ئۆزىنىڭ تىلىنى قاتتىق تىزگىنلىشى ۋە خارلىققا چۈشۈپ ھالاك بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تىلىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئۇلۇغ الله سىلەرنى ۋە بىزلەرنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلسۇن ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن سالامەت قىلسۇن!

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ئىتائەتنىڭ جەننەتكە، ئاسىيلىقنىڭ جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، نەپسى-خاھىشقا قارشى ئىش قىلىشنىڭ جەننەتكە ماڭىدىغان يول ئىكەنلىكى ئەمما ئاسىيلىق قىلىپ، نەپسى-خاھىشقا مۇۋاپىقلىشىشنىڭ بولسا دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، كىشىنىڭ جەننەت بىلەن بولغان ئارىلىقىدا پەقەت شۇ كىشىنىڭ جەننەتنى تەقەززا قىلغۇچى ئەمەلنى قىلىپ ئۆلۈشتىن ئىبارەت مۇساپىنىڭلا قالغانلىقى؛ شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ دوزاخ بىلەن بولغان ئارىلىقىدا پەقەت شۇ كىشىنىڭ دوزاخنى تەقەززا قىلغۇچى ئەمەل ئۈستىدە ئۆلۈشتىن ئىبارەت مۇساپىنىڭلا قالغانلىقى شۇڭا ئىنسان ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىشنى ئازراقمۇ توختىتىپ قويماسلىقىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى.

## يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئىككىنچى، بىزگە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلاردا الله نىڭ ھېكمەتلىرى بار ئىكەنلىكى. بەزىلىرىنى بىز بىلەلمەيدىغانلىقىمىز، بەزىلىرىنى ھايات قالغانلار بىلىدىغان، يەنە بەزىلىرىنى پەقەت الله بىلىدىغان بولۇپ، شۇ يامانلىقلارغا مۆئمىننىڭ ئىچى سىقىلماسلىقى كېرەكلىكى. مەسىلەن، ۋەھشىي رضي الله عنه نىڭ ھەمزە رضي الله عنه غا نەيزە سانجىشى ۋە ھەمزە رضي الله عنه نىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالماسلىقى — شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەقىقەتەن ھەر قانداق كىشىنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىش بولسىمۇ لېكىن ۋەھشىينىڭ ھايات قېلىپ كېيىن مۇسۇلمان بولۇشى الله قا ئەزەلدىن مەلۇم بولغان ۋە ۋەھشىي رضي الله عنه مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ئۆمۈر كۆرگەنلەر بىلەلىگەن بىر ھېكمەت بولۇپ، بۇ ھېكمەتنى ھەمزە رضي الله عنه جان تالىشىش پەيتىدە بىلەلمىگەن ئىدى. شۇڭا مۇجاھىدلار يۈز بېرىۋاتقان مۇسىبەتكە نىسبەتەن «ئاھ!» ئۇرۇپ تاپا-تەنە قىلىشماي، الله نىڭ ئۇ مۇسىبەتكە يوشۇرۇنغان مەلۇم ھېكمەتلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەينى زاماندا ئەرەبلەر ۋە ھەبەشلەرگە ئوخشاش بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ كىچىكىدىن ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئېلىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان بولغاچقا ئۇلارنى ئالاھىدە مۇئەسكەر ئىچىپ تەربىيلەشكە ئېھتىياج بولمىغان ئىدى لېكىن ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى كىچىكىدىن ھەربىي تەلىمگە ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا مۇئەسكەرلەرگە كىرىپ ئەسكىري تەلىم-تەربىيە ئېلىشى كېرەكلىكى.

تۆتىنچى، زالىم ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزلەپ شەھىد بولغان كىشىنىڭ شەھىدلىكى الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەۋزەل شەھىدلىك ئىكەنلىكى. بۇنداق شەھىدلەرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەمزە رضي الله عنه نىڭ شەھىدلىكى بىلەن بىر قاتارغا تىزغانلىقى چۈنكى ھەمزە رضي الله عنه قۇرەيشنىڭ كۇفرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئىسلام ئارمىيىسى ئەڭ ئېھتىياجلىق پەيتلەردە تۆھپە قوشقان ۋە قۇربانلىق بەرگەن ساھابە ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، الله تعالى بەزى قوماندانلارنى شەھىد قىلىپ ئېلىپ كېتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى بولۇپمۇ مۇجاھىدلار جامائىتىنى چۆچكۈنلۈشەمدۇ ياكى ئاچچىق ساۋاق ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تېخىمۇ شىجائەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭامدۇ دەپ سىناشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى.

ئالتىنچى، الله تعالى بەزى قوماندانلارنى شەھىد قىلىپ ئېلىپ كېتىش ئارقىلىق جىھادىي سەپتىكى پۇچەك ۋە پاسسىپ كىشىلەرنى ئاكتىپ ۋە ئىلغار كىشىلەردىن ئايرىپ چىقىپ مۆئمىنلەرگە مەلۇم قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى. چۈنكى، الله تعالى مۇنداق دېگەن: «الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۆئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. الله سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك) غەيبنى بىلدۈرىدۇ؛ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر» (سۇرە ئال ئىمران 179- ئايەت).

### ھەل قىلغۇچ جەڭ

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەتراپىدا جەڭ بەك كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىز ئىلگىرى مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى تارمار قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق. بۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە پەقەت 9 نەپەر ساھابە قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارغا: «مەن تەرەپكە كېلىڭلار! مەن الله نىڭ ئەلچىسى!» دەپ نىدا قىلغاندا، مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى تونۇپ قالدى-دە، دەرھال پۈتۈن كۈچى بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپكە ئېتىلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار قوشۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپكە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. شۇ پەيتتە مۇشرىكلار بىلەن بۇ 9 نەپەر ساھابە ئوتتۇرىسىدا شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ بولۇپ كەتتىكى، بۇ جەڭدە كەمدىنكەم تېپىلىدىغان مۇھەببەت، ئۆزىنى ئۇنتۇش، شىجائەت ۋە قەھرىمانلىق ئۇچۇق نامايەن بولدى.

### رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنىڭ تارقالغانلىقى

ھەمزە رضي الله عنه ۋە كۆزلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رضي الله عنه نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن مۇشرىكلار: «بىز مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق» دەپ گۇمان قىلىشتى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئۆسەك سۆز ۋە مىش-مىش خەۋەرگە رەددىيە بەرمەسلىككە بۇيرۇق قىلدى.

### مۇسۇلمانلارنىڭ مۇداپىئە سېپى بۇزۇلغاندىن كېيىن قوشۇننىڭ ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنۈشى

بىر گۇرۇھ مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يېقىن جايغا قېچىپ بېرىپ ئۇرۇش تۈگىمىگىچە قايتىشمىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئاز سانلىق ئىدى.

ئىككىنچى گۇرۇھ بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا تېڭىرقاپ قالغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ غايىسى ئۆز جېنىنى قوغداش ياكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر پاراسەت بىلەن جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش بولۇپ قالغان ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇلار ساھابىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيتتى.

ئۈچىنچى گۇرۇھ بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان 12 نەپەر ساھابە بولۇپ، بۇلار ئىككىنچى گۇرۇھتىكى كىشىلەرنى بارغانسېرى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىشقا باشلىغان ئىدى.

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاشۇنداق ئېغىر جەڭلەردە مۇستەھكەم تۇرۇشىدىن ھازىرقى زاماندىكى ئۆزرىسىز ھالدا جىھاد مەيدانىدىن ئۆزاقتا ئولتۇرغان ئاتالمىش «ئىلىم ئەھلى» ۋە «تالىبۇل ئىلىملەر»نىڭ تەسىرلەنمىگەنلىكى — ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى ۋە قاساۋەتلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر شۇنداقلا بۇ — «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىزىنى باسىدىغان ۋارىسلارمىز» دېگەن سۆزلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئىككىنچى، قوشۇننىڭ جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن قوماندانلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى لازىم ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، مۇشۇنداق سادىق قوماندانلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش — ئاخىرەتتە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىگە ۋە دۇنيادا بولسا جىھادىي جامائەتنىڭ ئىزچىل گۈللىنىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، قوشۇندا مەغلۇبىيەت كۆرۈلگەندە قوماندان بولغانلارنىڭ قىسقا بولغان خۇتبە (يەنى خىتاب، چاقىرىق)لارنى قىلىشى — ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن بىرى ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، دۈشمەنلەر ھەرزامان جىھادنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن دائىم قوماندان، ئەمىر ۋە يېتەكچىلەرنى نىشانغا ئالىدىغانلىقى.

ئالتىنچى، جىھادىي جامائەتنىڭ ئىچىدە رەھبەرلەرگە بولغان زور مۇھەببەت، ئۆزىنى ئۇنتۇش ۋە شىجائەتكە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم مۇجاھىدلارنىڭ بولۇشى — مۇسۇلمان قەۋمىنىڭ كاپىرلار تاجاۋۇزىدىن سالامەت قېلىشىغا ۋە غەلىبىنىڭ مۇسۇلمانلارغا يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاخىرقى زاماندا ياشلىرى كىچىك ۋە ئەقىللىرى كالتە شۇنداق بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار ئەڭ ياخشى سۆزنى سۆزلەيدۇ لېكىن ئىمانى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ ۋە خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار چۈنكى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەر قىيامەت كۈنى ئىنتايىن كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

يۇسەير ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: [مەن سۇھەيل ئىبنى ھۇنەيفتىن: «سەن پەيغەمبەر ﷺ دىن خاۋارىجلار توغرىسىدا بىرەر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ قولىنى ئىراق تەرەپكە ئۇزىتىپ تۇرۇپ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <ئۇ جايدىن قۇرئان ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدىغان بىر قەۋم چىقىدۇكى، ئۇلار خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) چىقىپ كېتىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دەپ جاۋاب بەردى] (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

ئىمام مۇسلىم نەقىل قىلغان ھەدىستە ئۇ (يەنى سۇھەيل) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ قولىنى مەشرىق تەرەپكە ئۇزىتىپ تۇرۇپ: <ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ لېكىن قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان». بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەشرىق بولسا ئىراقنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ زەر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <مەندىن كېيىن پات يېقىندا ئۈممىتىمدىن بىر قەۋم مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ لېكىن قۇرئان گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار — مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل، زىيانداش مەخلۇقلاردۇر>» («سەھىھ ئىبنى ماجە» 170- ھەدىس).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# جىھاد چەشمىلىرى

■ 4- ئاينىڭ 27- كۈنى خىتاينىڭ شەنشى ئۆلكىسىدە بىر نەپەر خىتاي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ 19 نەپەر ئوقۇغۇچىنى يارىلاندۇرۇپ، 7 نەپىرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 27- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ جەبەل ئەكرادتىكى تەللە خەددادا ئىراننىڭ جاسۇس ئايروپىلانىدىن بىرنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 4- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىلمەند ۋىلايىتى نەد ئەلى رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 29 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 12 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا، 5 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 29- كۈنى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدىكى ئىران ئارمىيىسىنىڭ ئۇق-دورا ئىسكىلاتىنى بومباردىمان قىلغان، نەتىجىدە 40 نەپەر ئىران ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە 60 نەپىرى يارىلانغان.

■ لىۋىيە بىنغازى مۇجاھىدلار بىرلىكى جامائىتىنىڭ ئەسكىرىي قوماندانى ۋىسام بىن خەمىت 2016- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ھاۋا ھۇجۇمىدا ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، بۇ يىل 4- ئاينىڭ 30- كۈنى ئىنشائاللاھ شەھىد بولغان. بۇ قوماندان كازافىغا قارشى جىھاد قىلغان ۋە مۇرتەد ھەفتەرگە قارشى نۇرغۇنلىغان جەڭلەرگە قاتناشقان. مېھرىبان اللہ بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى ئۈستۈن قىلسۇن.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 2017- يىلى 4- ئايدىن باشلاپ بۇ يىل 4- ئايغىچە بولغان بىر يىل جەريانىدىكى جەڭلەر نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

بۇ بىر يىل ئىچىدە مۇجاھىدلار 8030 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، 50 قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى قىلغان؛ مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 16908 نەپىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 10207 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 332 نەپىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 152 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ جەمئىي 506 نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇل ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇندىن باشقا يەنە، 14 دانە تىكئۇچار ئايروپىلان، 5 دانە جاسۇس ئايروپىلان، 2 دانە ئەسكەر توشۇغۇچى ئايروپىلان ۋە 2780 دانە ھەرخىل تىپتىكى ئەسكىرىي ماشىنىلار ۋەيران قىلىنغان.

■ 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى قادىس رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئىچىدىكى بىر نەپەر ئەسكىرىي قوماندان قول ئاستىدىكى 19 نەپەر ئەسكەر بىلەن بىللە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى سېپىگە قېتىلغان.

■ 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى دەمەشىق ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان يەرمۇك لاگېرىدىكى 141 نەپەر مۇجاھىدلارنى ئائىلىسى بىلەن مۇجاھىدلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە تۇرۇۋاتقان كەفەريا فۇئا يېزىسىدىكى 18 نەپەر يارىدار ۋە جىسىر شۇغۇر جېڭىدە ئەسىرگە چۈشكەن 40 نەپەر نۇسەيرىيىلەرگە ئالماشتۇرغان. اللہ نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قېرىنداشلار ساق-سالامەت ئىدلىب ۋىلايىتىگە قايتىپ چىققان.

■ 5- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەتىگەندە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ كوھىستان رايونىدىكى بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ تۇرىدىغان مەركىزىنى ۋە كۆپلىگەن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى فەتھ قىلغان ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 5- ئاينىڭ 3- كۈنى رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ Sukhoi-30 تىپلىق بىر دانە كۈرەشچى ئايروپىلانى دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ 2 نەپەر رۇس ئەسكىرى ئۆلگەن.

■ 5- ئاينىڭ 4- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتى كوھىستان رايونىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان. بۇ ئەمەلىيەت جەمئىي 3 كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، قاتتىق جەڭلەر نەتىجىسىدە مۇجاھىدلار 29 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە 3 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە قورال-ياراقلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 5- ئاينىڭ 5- كۈنى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ گېزىتخانىسىدا ئاشكارىلانغان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، رىم پاپىسى ۋاتىكان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان خائىنلىرى ئوتتۇرىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتىدە چېركاۋ ئېچىش ئىتتىپاقى تۈزۈلگەن.

■ 5- ئاينىڭ 6- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ دۇبلى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا تاجاۋۇزچى كېنىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 15 نەپەر ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن ۋە بىر ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران قىلىنغان.

■ 5- ئاينىڭ 7- كۈنى سۈرىيىنىڭ شەرقىدە رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ KA-52 تىپلىق بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانى چۈشۈپ كېتىپ 2 نەپەر رۇس ئەسكىرى ئۆلگەن.

■ 5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ترامپ ئىران بىلەن بولغان يادرو كېلىشىمىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى دەمەشىقنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئىران ئارمىيىسىنىڭ ئوق-دورا ئىسكىلاتىنى بومباردىمان قىلغان، نەتىجىدە 9 نەپەر ئىران ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە ئۇندىن باشقا، 5- ئاينىڭ 9- كۈنى ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى يەنە ئىران ئارمىيىسىنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىنى بومباردىمان قىلىپ كۆپلىگەن ئىقتىسادىي زىيانلارنى سالغان.

■ 5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ باغلان ۋىلايىتى تالا بەرفەك رايونىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان ۋە كۆپلىگەن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارغا نۇرغۇن ئىقتىسادىي زىيانلارنى سالغان.

■ 5- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتى بەلتىشراغ رايونىنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان. جەڭ جەريانىدا مۇجاھىدلار 50 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان؛ 2 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە 30 دانە موتسىكلىتنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 5- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتىنىڭ قادىس رايونىدا 5 نەپەر ساقچى باشلىقى قول ئاستىدىكى 130 نەپەر ساقچى بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان. ئۇندىن باشقا يەنە، 22 يېزىسى ۋە 2500 نەپەر ئاھالىسى بولغان فەردەك رايونىنىڭ خەلقلىرى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى تەرەپكە ئۆتكەن.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| الْيَوْمَ | بۈگۈن |
| اَمْسِ | تۈنۈگۈن |
| الآنَ | ھازىر |
| آنِفًا | باياتىن |
| النَّهَارُ | كۈندۈز |
| اللَّيْلُ | كېچە |
| الصَّبَاحُ | ئەتىگەن |
| الْمَسَاءُ | كەچ |
| يَوْمُ الْجُمُعَةِ | جۈمە كۈنى |
| يَوْمُ السَّبْتِ | شەنبە كۈنى |
| يَوْمُ الاَحَدِ | يەكشەنبە كۈنى |
| يَوْمُ الاِثْنَيْنِ | دۈشەنبە كۈنى |

## جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| نَذْهَبُ الْيَوْمَ إِلَى الْمَدْرَسَةِ | بىز بۈگۈن مەدرىسكە بارىمىز |
| أَيْنَ كُنْتَ أَمْسِ؟ | سەن تۈنۈگۈن قەيەردە ئىدىڭ؟ |
| أُرَابِطُ الآنَ فِي الْخَطِّ الْأَوَّلِ | مەن ھازىر ئالدىنقى سەپتە رىباتتا تۇرۇۋاتىمەن |
| مَا حَدَثَ آنِفًا يَا أَحْمَدُ؟ | ئەھمەد، باياتىن نېمە ئىش بولدى؟ |
| يَعْمَلُ مَحْمُودٌ نَهَارًا وَيَدْرُسُ لَيْلًا | مەھمۇد كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىسى ئوقۇيدۇ |
| نَبْدَأُ قِتَالَ الطُّغَاةِ هَذَا اللَّيْلَ | بۈگۈن كېچە تاغۇتلارغا جەڭ باشلايمىز |
| نَنْطَلِقُ غَدًا بَعْدَ الْفَجْرِ فِي الصَّبَاحِ | بىز ئەتە ئەتىگەن بامداتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز |
| نَذْهَبُ إِلَى الْمَشْفَى فِي الْمَسَاءِ | بىز كەچتە دوختۇرخانىغا بارىمىز |
| لَا نَسْتَرِيحُ إِلَّا يَوْمَ الْجُمُعَةِ | بىز ھەر جۈمە كۈنى دەم ئالىمىز |
| أَذْهَبُ إِلَيْكَ يَوْمَ السَّبْتِ | مەن يېنىڭغا شەنبە كۈنى باراي |
| سَتَأْتِي أُمِّي يَوْمَ الْأَحَدِ | يەكشەنبە كۈنى ئانام كەلمەكچى |
| أَصُومُ يَوْمَ الْإِثْنَيْنِ | مەن دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتىمەن |

# ئائىلىسىكى رېتسېپلار

## پۇت ـ قول مۇزلىسا قانداق تەڭشەش كېرەك؟

### ھەر كۈنى پۇتنى چىلاش

پۇتنى چىلاش ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ، چوڭراق داسقا 40 گرادۇس ئەتراپىدىكى ئىسسىق سۇنى قۇيۇپ ئوشۇققىچە چىلاش. 20 مىنۇت ئەتراپىدا چىلاپ بەرگەندە پۇتۇن بەدەن ئاستا-ئاستا ئىسسىيدۇ، بۇ ــ قان ئايلىنىشنىڭ راۋانلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر پۇتنى چىلاش بىلەن بىرگە ئىككى پۇتنى ئۇۋۇلاپ بەرسە، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

### مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش

ئاستا يۈگۈرۈش، تېزراق مېڭىش، ئارغامچا سەكرەش، ھەر خىل تەنتەربىيە ماھارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن بەدەننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قان ئايلىنىشنى تېزلىتىدۇ. ھەرىكەتنى بەك ئېغىر قىلىۋەتكەندە ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ، شۇڭا دىققەت قىلىش كېرەك.

### پاختىدىن تىكىلگەن پايپاق كىيىش

ساپ پاختىدىن تىكىلگەن پايپاق يۇمشاق بولۇپ، پۇتقا راھەت بېغىشلاش بىلەن بىرگە پۇتتىكى تەرنى سۈمۈرۈپ، پۇتنى قۇرۇتىدۇ ھەم پۇتنى ئازادىلەشتۈرىدۇ.

### ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىك تولۇقلاش

ھاۋا سوغۇق ۋاقىتتا ئىسسىقلىق قىلغاندا پۇت-قولغا ئاراملىق بېغىشلايدۇ. شىمالنىڭ قىش پەسلى سوغۇق بولغاچقا كالا گۆشى، قوي گۆشى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىسسىقلىق تولۇقلاش كېرەك. جەنۇبنىڭ ھاۋاسى بىر قەدەر ئىللىق بولغاچقا توخۇ گۆشى، غاز گۆشى، بېلىق گۆشى قاتارلىقلار ئارقىلىق تەڭشەش كېرەك.

### ئۇيقۇغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ھەر كۈنى چوقۇم 6 سائەت ئۇخلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

### پۇت ـ قول ۋە يۈرەكنى ئۇۋۇلاپ بېرىش كېرەك

ۋاقىت يار بەرگەندە دائىم پۇت-قول ۋە يۈرەكنى ئۇۋۇلاپ بەرگەندە قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە پۈتۈن بەدەنگە ئىسسىقلىق يەتكۈزىدۇ.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا اللہ تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته



# سەبىيلەر سەھىپىسى

تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1. بويى ئېگىز، قولى مىڭ، كۆپتۈر قۇلىقى،
بودەك-بودەك «ئاق مارجان»دۇر گويا مېۋىسى.

2. ئاق چېچەكنى تاشلىۋەتسە ئانىسى،
سېرىق ياغقا ئايلىنىدۇ بالىسى.

3. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭلار:

ئاق بوز ئاتلىق قارا يىگىت،
كۆكرىكىدە كىچىك چېكىت.
كۈندۈزى ئۇ يۈرەر چېپىپ،
ئارام ئالماس بىردەم يېتىپ.
ئۇخلىغاندا تاپار تىنىم،
ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىنىم؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:



1. ئانار.
2. قازان.
3. ياستۇق.